# 4635 - ئايروپىلاندىكى كىشى قاچان ئېھرام كىيىدۇ؟

## سوئال

مەن ئاللاھ تائالا خالىسا بۇ يىل ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىۋاتىمەن، ئايروپىلان بىلەن رىيادتىن جىددىغا كېلىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن قەيەردە ئېھرامغا كىرىشىم كېرەك؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلارغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سىز بۇنداق سەپەر قىلغاندا ھازىر"سەيلىل كەبىر" دەپ ئاتىلىدىغان" قەرنى مەنازىل دېگەن جايدا ئېھرامغا كىرىشىڭىز كېرەك.

مىقاتتىن ئۆتكەن كىشى مىقاتنىڭ ئۆزىدە ئېھرام كىيىدۇ، مىقاتتىن ئۆتمىگەن كىشى قۇرۇقلۇقتا، ھاۋادا ياكى دېڭىزدا بولسۇن مىقاتنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئېھرام كىيىدۇ. سىز ئايروپىلان مىقاتنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئېھرام كىيىشىڭىز كېرەك. ئايروپىلان مىقاتتىن تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان بولغاچقا ئېھتىياتەن مىقاتقا كېلىشتىن بۇرۇنراق ئېھرام كىيىسىڭىز بولىدۇ".

شەيخ ئىبنى جىبرىين رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "مىقاتنىڭ ئۆزىدىن ئۆتمەيدىغان كىشىلەرقۇرۇقلۇقتىن، ھاۋادىن ياكى دېڭىزدىن بولسۇن مىقاتنىڭ باراۋېرىگە كەلگەندە ياكى يېقىنلاشقاندا ئېھرام كىيىدۇ، ئايروپىلاندىكى يولۇچىلارمىقاتقا يېقىنلاشقاندا ياكى ئېھتىياتەن مىقاتقا كېلىشتىن بۇرۇن ئېھرام كىيىش كېرەك، مىقاتتىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كىيىن ئېھرام كىيگەن كىشىگە قان(يەنى جازا) كېلىدۇ". ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر. ئىسلام پەتىۋالىرى 2-توم 198-بەت.

دائىمي كومىتېتى پەتىۋاسىدا: جىددە، ھەج-ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ مىقاتى (ئېھرامغا كىرىدىغان ئورنى) ئەمەس، پەقەت جىددىدە ياشايدىغان ياكى مۇقىم تۇرىدىغان ياكى جىددىغا باشقا بىر ئىش بىلەن كېلىپ كىيىن ھەج-ئۆمرىنى مەقسەت قىلغان كىشىلەر جىددىدىن ئېھرامغا كىرسە بولىدۇ. ئەمما مەدىنە ياكى مەدىنە تەرەپتىن كېلىدىغان كىشىلەر ھەج-ئۆمرىنى مەقسەت قىلىدىكەن، ئۇلار زۇلھۇلەيپىنىڭ ئۆزىدىن ياكى قۇرۇقلۇق، ھاۋادا ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىن ئېھرام كىيىدۇ، شۇنىڭدەك جۇھپە، يەلەملەم تەرەپلەردىن كەلگەن كىشىلەر شۇ جاينىڭ ئۆزىدىن ياكى ئۇنىڭ باراۋېرىدىن ئېھرام كىيىپ كېلىشى كېرەك بولىدۇ. دائىمي كومىتېت پەتىۋاسى 11-توم130-بەت.

ميقاتتىن ياكى ميقاتنىڭ باراۋىرىدىن ئىھرام كىيىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە: **«كۇپە بىلەن بەسرە شەھرى پەتھ قىلىنغاندا ئۇلار ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام نەجدى ئەھلى ئۈچۈن قەرنى مەنازىلنى ئىھرام كىيىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىپ بەرگەن، ئۇ تەرەپنىڭ يولى بىزگە يىراق، بىز ئۇ يەرگە بېرىپ ئىھرام كىيىپ ماڭىمىز دىسەك بەك جاپا بولىدۇ دېگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا: سىلەر قەرنى مەنازىلنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىدىغان يولغا قاراۋۇللار دەپ، ئۇلارغا زاتە ئىرق دېگەن جاينى ئىھرام كىيىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىپ بەرگەن.»** [ئىمام بۇخارى1458].

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھمەھۇللاھ "پەتھۇلبارى 3-توم 389-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇلارغا: سىلەر قەرنى مەنازىلنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىدىغان يولغا قاراۋۇللار دېيىشى، سىلەر ئۆتىدىغان يولنىڭ ميقاتقا باراۋەر كېلىدىغان جاينى توغرىلاپ ئىھرامغا كىرىدىغان جاي قىلىڭلار دېمەكتۇر".

ئىنسان شۇنى بىلىشى كېرەككى، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئىھرام كىيىش سۈننەتنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنداق قىلمىغان، ئەڭ ياخشى يول پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان يولىدۇر، ئەمما ئايروپىلاندىكى كىشى بولۇپ قالسا ميقاتقا كېلىشتىن بۇرۇن ئىھرام كىيسە بولىدۇ، چۈنكى ئايروپىلان تىز ئۇچىدىغان بولغاچقا ميقاتنىڭ ئۆزىگە كەلگەندە ئىھرام كىيىمەن دىسە، بەلكىم ئايروپىلان ميقاتتىن ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئايروپىلاندىكى كىشىلەر ميقاتقا كېلىشتىن بۇرۇن ئىھرام كىيىۋالسا بولىدۇ.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ھەج قىلغان كىشىلەرنىڭ ھېچ بىرىدىن، ئۇلارنىڭ زۇلھۇلەيپىگە كېلىشتىن بۇرۇن ئىھرام كىيگەنلىك توغرىسىدا ئەسەر بايان قىلىنمىدى، ئەگەر ميقات بېكىتىلمىگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلار بۇرۇنراق ئىھرام كىيىشكە ئالدىرىغان بولاتتى. چۈنكى بۇرۇن ئىھرام كىيىش جاپالىق ۋە ئۇنىڭ ئەجىر-ساۋابى كۆپ بولىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۇنداق قىلمىدى بەلكى ميقاتتىن ئىھرام كىيدى". [پەتھۇلبارى 3-توم 387-بەت].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچىدۇر.